# شارائىتى بولسا تېزدىن ھەج قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا

[ uyghur - ئۇيغۇرچە - الأويغورية ]

پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2014 - 1435

IslamHouse.com

# وجوب الحج على الفور

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني

2014 - 1435

IslamHouse.com

# شارائىتى بولسا تېزدىن ھەج قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا

41702-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ھەج قىلىشقا شارائىتى بار كىشىنىڭ ھەج ئىبادىتىنى بىر قانچە يىل كېچىكتۈرۈشى توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

كىمدىكى ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىشنىڭ شەرت-شارائىتلىرى تېپىلىدىكەن ۋە ھەج قىلىشقا قادىر بولالايدىكەن، مەزكۇر كىشى پەرز ھەجنى تېزدىن ئادا قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. شۇنداقلا، ھەجنى سەۋەبسىز كېچىكتۈرۈش توغرا بولمايدۇ.

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ "مۇغنى" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: "كىمگىكى ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىش پەرز بولغان بولسا، ھەج قىلىشقا ئىمكانىيىتى يار بەرسە، كېچىكتۈرمەستىن ھەج قىلىشى لازىم بولىدۇ. پەرز ھەجنى كېچىكتۈرۈش دۇرۇس ئەمەس". مەزھەپ ئىماملىرىدىن ئىمام ئەبۇ ھەنىپە رەھىمەھۇللاھ ۋە ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھمۇ شۇنداق دېگەن.

بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلَّـهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا ۚ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ اللَّـهَ غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ﴾

تەرجىمىسى: «قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر.» [سۈرە ئال-ئىمران 97-ئايەت].

قۇرئان ۋە سۈننەتتە كەلگەن بۇ ھەقتىكى دەلىللەر ئىمكانىيىتى يار بەرگەن كىشىنىڭ تېزدىن ھەج قىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: «ھەج قىلىشنى ئىرادە قىلغان كىشى ئۇنىڭغا ئالدىرىسۇن.» دەپ بايان قىلىنغان. [بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان].

ئىمام ئەھمەد بىلەن ئىبنى ماجىنىڭ رىۋايىتىدە: «ئۇ كىشى كېسەل بولۇپ قېلىشى، مال-دۇنيادىن ئايرىلىپ كېتىشى ۋە بەزى ئۆزگىرىشلەرگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن.» دېيىلگەن. [بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللا ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا (ھەسەن ھەدىس) دەپ كەلتۈرگەن]. توگىدى.

ھەدىستىكى: «ھەج قىلىشنى ئىرادە قىلغان كىشى ئۇنىڭغا ئالدىرىسۇن.» دېگەن بۇيرۇق سۆزى بۇيرۇلغۇچىنىڭ شۇ ئىشنى قىلىش ئىمكانىيىتى بار بولغاندا تېزدىن قىلىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، سەۋەبسىز كېچىكتۈرۈشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھدىن: ئىمكانىيەت بولغاندا ھەجنى دەرھال ئادا قىلىش كېرەكمۇ ياكى كېچىكتۈرۈپ ئادا قىلسىمۇ بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاب بېرىپ مۇنداق

دېگەن: "توغرىسى ھەجنى تىزدىن ئادا قىلىش كېرەك، چۈنكى ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىشقا قادىر بولغان كىشىنىڭ سەۋەبسىز ھەجنى كېچىكتۈرۈشى توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، مەلۇم ۋاقىت ياكى مەلۇم ئورۇندا قىلىش بېكىتىلمىگەن ئىبادەتلەردىن باشقا، شەرىئەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بارلىق ئەمەللەرنىمۇ شەرت تېپىلغان ھامان تېزدىن ئادا قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ." [ئىبنى ئۇسەيمىين پەتىۋالىرى 13/21]. ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھدۇر.